# جهاد رسـالسی



هەسەنل بەننا

حسن البنا

# رسالة الجهاد

## ھەسەنىل بەننا

# جىھاد رىسالىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇران

1998 - يىل - ئىستانبۇل



بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

جەمى ھەمدۇ - سانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. مۇجاھىدلارنىڭ قوماندانى، تەقۋادارلارنىڭ ئىمامى، قىيامەتتە يۈزى ئاق بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، شەرىئەت يولىدا جىھاد قىلغانلارغا قىيامەتكە قەدەر دۇرۇت ۋە سالام يوللايمىز.

## جىھاد پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا جىھادنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلدى. بۇ پەرزنى ھېچقاچان تەرك قىلىشقا بولمايدۇ. سەل قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار قەتئى سۈرەتتە جىھاد قىلىشقا تەشۋىق قىلىندى. جىھاد قىلىپ شەھىد بولغانلارنىڭ مەقامىنى ھەرقانداق كىشىنىڭ مەقامىدىن ئۈستۈن قىلدى. مۇجاھىد ۋە شەھىدلەرنىڭ ئالغان ساۋابى ھەرقانداق ساۋابتىن ئۈستۈندۇر. ئۇلارنىڭ دەرىجىسىگە پەقەت شۇلارغا ئوخشاش جىھاد قىلغان ۋە شەھىدلىك دەرىجىسگە نائىل بولغانلارلا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھېچقانداق كىشىلەرگە بەرمىگەن ئەمىلى ۋە روھى دەرىجىلەرنى ئۇلارغا بەردى. ئۇلارنىڭ پاك ۋە



ئۇلۇغ قېنىنى دۇنيادا زەپەر قىلىشنىڭ نىشانى، ئاخىرەتتە بولسا نىجاتلىققا ئالامەت قىلدى. جىھادقا قاتناشمىغان ۋە ئۆيىدە ئولتۇرىۋالغانلارغا ئەڭ قاتتىق ئازاپنى ۋەدە قىلدى ۋە ئۇلارنى يامان سۈپەتلەر بىلەن ئەيىپلىدى. قورقۇنچاقلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى سۆكتى. جىھادتىن قېچىشنى بولسا قاتتىق ئەيىپلىدى. جىھادتىن قاچقانلارنىڭ گۇناھى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىنتايىن چوڭدۇر. بۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئوچۇق ئازابى باردۇر. دۇنيادا ئۇلارنى شۇنداق بىر خار ھالەتكە چۈشۈردىكى پەقەت جىھاد قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنى بۇ خارلىقتىن قۇتقۇزالىشى مۇمكىن. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا ئۇھۇت تېغىدەك ئالتۇن بەرسىمۇ قۇتۇلالمايدىغان بىر ئازاپ ھازىرلىدى. جىھادقا چىقماسلىق ياكى ئۇنىڭدىن قېچىشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ قاتارىدا سانىدى ۋە ئىنسانىنى ھالاك قىلىدىغان يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ بىرى قىلدى.

كونا ـ يېڭى، دىنىي ياكى بەشەرى قانۇنلارنىڭ
ھېچبىرسىدە جىھادقا، ئەسكەرلىككە ھەققى
قوغداش، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىرلىششى ۋە يىگانە
بىر ئۇممەت بولۇشى ئۈچۈن ئىسلامدەك ئەھمىيەت
بىرىدىغان بىر قانۇن تاپالمايسىز. شۇنداقلا ئىسلام
دىنىنىڭ ئاساسلىرى، قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە
رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلۇغ ھەدىسلىرى مۇشۇنداق
يۇقۇرى مەنىلەر بىلەن تولۇپ تاشماقتا. ئىسلامنىڭ
پۈتۈن مەنبەلىرى مۇسۇلمانلارنى ئەڭ ئۈچۈق
شەكىلدە جىھادقا دەۋەت قىلدى. قۇرۇغلىرىقتا،
ھاۋادا ۋە دېڭىزدا ھەر خىل ئۇرۇش ئۇسۇلىنى،
جىھاد ئەسۋاپلىرىنى ۋە لازىملىق نەرسىلەرنى قولغا
كەلتۈرۈشكە، ئەسكەر بولۇشقا، بىرلىششكە
چاقىرىدۇ. بۇنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلدى.
ئىسلامنىڭ جىھاد ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنىڭ
پەقەت بىر قىسمىنىلا بۇ يەردە زىكىر قىلماقچىمىز.
ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن بەزىلىرىنى نەقىل قىلىپ



ئۇزۇن شەرھى قىلمايمىز. ئۇلارنىڭ گۈزەل تەبىر
ۋە ئۈچۈق بايانلىرى ۋە رۇشەن مەنىلىرى ھەرقانداق
بىر شۈبھىگە ئورۇن بەرمەستىن سىزنى
قانائەتلەندۈرۈشكە كۇپايە قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ
ئېغىر يۈك روھى ۋە قەلبى مەنىلەرگە ئاساسلىنىدۇ.

# قۇرئان كەرىمدە بەزى جىهاد ئايەتلىرى

1 - « سىلەرگە جىهاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر. (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار. » (بەقەرە سۈرىسى 216 - ئايەت).

2 - « ئى مۆمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە، ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى، دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار، ئاللاھ بۇنى



دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار، ئاللاھ بۇنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەت قىلسۇن. ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ ( ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ) ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ يولىدا ( يەنى غازاتتا ) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى ( غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن ) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر. ئەگەر سىلەر(ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار(ئاخىرەتتە) چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر(ئاللاھ سىلەرنى ئەمەلىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ) ». (ئال ئىمران سۈرىسى 156 - 158 - ئايەتلەر)

دىققەت قىلىڭكى، 1 - ئايەتتە ئاللاھ يولىدا

جىهاد قىلىش مەغپىرەت ۋە رەھمەت بىلەن بىرگە زىكىر قىلىنىدى. 2 ـ ئايەت بولسا. جىھادنىڭ مەنىسىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاش باراۋەرلىك ئۇ يەردە يوقتۇر. بۇ ئايەتتىكى ئۇچۇق ئىشارەت بولسا، قورقۇنچاقلىق كاپىرلارنىڭ ئەخلاقى بولۇپ مۇسۇلمان ئەخلاقى ئەمەستۇر. دىققەت قىلىدىغان بولساق ھازىرقى ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە.

3 ـ « ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقىدىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر. ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شەھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە



ئىكەنلىكى بىلەن خوشخەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇلار ئاللا تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلىنى، مۆمىنلەر نىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خوش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. (ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار(يەنى مۆمىنلەر) دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. (مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر(يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دېدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى. ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى.

ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر. ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇپپارلارنى) قورقىتىدۇ. ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار». (ئال ئىمران سۈرىسى 169 ـ 175 ـ ئايەتلەر).

4 ـ « ئى مۆمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تۈركۈم ـ تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) بار. ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت (يەنى مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنلىق) كەلسە، (ئۇ مۇناپىق) «ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مەرھەمەت قىلدى، چۈنكى مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە بولمىدىم (بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم)» دەيدۇ. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى (يەنى غەلىبە ۋە غەنىيمەت) يەتسە، گويا



سىلەر بىلەن ئۇ (يەنى مۇناپىق) نىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق دوستلۇق يوقتەك، «كاشكى مەن (ئۇرۇشتا) ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە (يەنى غەنىيمەتتىن زور نېسىۋىگە) ئېرىشكەن بولاتتىم» دەيدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): « ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش

ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش
ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر. مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ
يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا
ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش
قىلىڭلار(سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ
تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر. (ئى مۇھەممەد!)
ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ
قىلغانلارغا: «(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار،
ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار» دېگەن
كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن
ئەجەپلەنمەمسەن؟) بۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان
چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر
دۈشمەندىن گويا ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن
قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ.
ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ) : «پەرۋەردىگارىمىز!
بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ! نېمە
ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە



قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)»
دېدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ
مەنپەئىتى ئازدۇر(يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)،
(ئاللاھدىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار)
ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك
زۇلۇم قىلىنمايدۇ(يەنى قىلغان ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابى
كېمەيتىلمەيدۇ)». قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل
كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر
مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ. ئەگەر
ئۇلار(يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە،
«بۇ ئاللاھدىن بولدى» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرەر
زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن (يەنى
سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكىمىزدىن) بولدى» دەيدۇ.
(ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، «
(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى ئاللاھ
تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى ئاللاھ
ياراتقاندۇر)». بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار

ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ». (نىسا سۈرىسى 71 - 78 - ئايەتلەر)

بۇ ئايەتنى ئوقۇغۇنىڭىزدا كۆرىسىزكى، ئۇلۇغ ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ھوشيار تۇرۇشقا، قوشۇن تەييارلاشقا، پارتىزانلىق تەشكىللىنىشكە ياكى ئەھۋالغا قاراپ يالغۇز جىھاد قىلىشقا قانداق تەشۋىق قىلىدۇ. ئۆزۈرسىز جىھادقا چىقمىغانلارنى، قورقۇنچاقلارنى، جىھادقا قاتناشمىغانلارنى ۋە مەنپەئەتپەرەسلەرنى قانداق تەھدىت قىلىدۇ؟ ئىگىچاقىسى يوق، يوقسۇل ۋە ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىشقا ۋە مەزلۇملارنى قۇتقۇزۇشقا قانداق تەشۋىق قىلىدۇ. يەنە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ جىھادنى ناماز ۋە روزا بىلەن بىر ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. شۈبھىسىزكى جىھاد، ناماز، روزىغا ئوخشاش ئىمان ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ئەگەر بۇ ئايەتلەرنىڭ بىلدۈرگەن



مەنىلىرىنى ئۇبدان ئويلاپ باقساق، بۇ ھەقتە شۈبھە ۋە تەرەددۇد قىلغانلارنىڭ شۈبھە ۋە تەرەددۇدلىرىنى قانداق يوق قىلغانلىقىنى، قورقۇنچاقلارنى بۈيۈك بىر جاسارەت بىلەن ئۆلۈمنى قارشى ئېلىشقا قانداق تەشۋىق قىلغانلىقىنى ۋە قەھرىمانلىقتا قانداق جاسارەت بەرگەنلىكىنى چۈشىنىمىز. بۇ ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىدا « قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ» دېيىلىدۇ. ئۇھالدا مۇجاھىد بولۇپ ئۆلسىڭىز ھاياتىڭىزنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك ساۋاب - مۇكاپات ئالىسىز. بۇ ھەقتە ئەڭ كىچىك ھەققىڭىز زايا بولمايدۇ.

5 - ئەنفال سۈرىسى باشتىن - ئاخىر مۇسۇلمانلارنى جىھادقا دەۋەت قىلىدۇ. سىباتلىق بولۇشقا تەشۋىق قىلىدۇ. جىھادنىڭ بىر بۆلۈك ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارجىھاد زامانىدا بۇ سۈرىنى ئوقۇيتتى ۋە

ئۈنىڭدىن جىھاد روھىنى ئالاتتى. سۈرىنىڭ پەقەت مۇشۇ بىر ئايىتىلا جىھاد روھىنى بىرىشكە كۇپايە قىلىدۇ.

«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋاپتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ). ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق



قىلۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن) سىنى ئالدىماقچى بولسا، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈرىدۇ. ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ئى پەيغەمبەر! مۆمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ. ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ؛

چۈنكى ئۇلار (جاھىل قەۋم بولۇپ، ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەيدۇ» . ( ئەنفال سۈرىسى 60 ـ 65 ـ ئايەتلەر )

6 ـ تەۋبە سۈرىسىمۇ باشتىن ـ ئاخىر جىھادقا تەشۋىق قىلىپ، جىھاد ئەھكاملىرىنى بايان قىلىدۇ . ۋەدىسىدە تۇرمىغان مۇشرىكلەر بىلەن جىھاد قىلىش ھەققىدە نازىل بولغان تەۋبە سۈرىسىنىڭ مۇشۇ ئايىتى كۇپايە قىلىدۇ: « ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار ، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ . ئاللاھ ئۇلارنى خار قىلىدۇ ، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ . (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ .ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ . ئاللاھ خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ . ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» . (تەۋبە سۈرىسى 14



ـ 15 ـ ئايەتلەر) .

ئەھلى كىتاب بىلەن سوقۇش قىلىش ھەققىدە : « سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار(يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلىمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، ئاللاھ (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھەرام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزىيە تۆلىگەنگە قەدەر ، ئۇرۇش قىلىڭلار» . (تەۋبە سۈرىسى 29 ـ ئايەت)

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا جىھاد ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى تاماملايدۇ .

« (ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىڭ بولغان

ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە(يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر». (تەۋبە سۈرىسى 41 ـ ئايەت)

پۈتۈن بۇ بايانلاردىن كېيىن قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىپ چىققانلارنىڭ جىھاد شەرىپىدىن ئەبەدى مەھرۇم قالدىغانلىقىنى شۇ ئايەت بىلەن بايان قىلىدۇ:

« رەسۇلۇللاغا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار(يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بىخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خوشال بولۇشتى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى،



ئۇلار (بىر. بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشۈنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللا بىلەن بىرگە چىقاتتى) ». ئۇلار قىلمىش (گۇناھ) لىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۈن، كۆپ يىغلىسۇن. ئەگەر ئاللاھ سېنى (تەبۇك غازىتىدىن) قايتۇرۇپ (ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن) بىرتۈركۈمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا، ئۇلار(ئىككىنجى بىر غازاتقا) چىقىشقا سەندىن ئىزنى سورىسا: (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، « سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ(غازاتقا) چىقماڭلار، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە چىقىپ ئۇرۇش قىلماڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا(چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بىخىرامان) ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار، ئەمدى (غازاتقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار(يەنى ئاياللار، كىچىك بالىلار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار». (تەۋبە

سۈرىسى 81 ـ 83 ـ ئايەتلەر)

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇجاھىدلارنىڭ سەردارى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باش بولۇپ جىھاد قىلغان مۆمىنلەرنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىنى زىكرى قىلىپ ۋە پەيغەمبەرنىڭ يىگانە مۇقەددەس غايىسىنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۆزگەرمەس يولىنىڭ جىھاد ئىكەنلىكىنى شۇ ئايەت بىلەن بايان قىلىدۇ:

«لېكىن پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى، ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر.». (تەۋبە سۈرىسى 88 ـ 89 ـ ئايەتلەر)

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە مەلۇم بولغان ئەھۋاللارغا ئىشارەت قىلىپ، ھېچكىمگە ئۆززە



ئېيتىش ئىمكانىيىتى قويمايدۇ:

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى ئاللاھدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خوشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر». (تەۋبە سۈرىسى 111 ـ ئايەت)

7 ـ قىتال (ئۇرۇش قىلىش) سۈرىسى. بۇ سۈرە نېمە ئۈچۈن قىتال سۈرىسى دەپ ئاتالدى؟ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ (بۇ سۈرىنىڭ باشقا بىر ئىسمى بولسا مۇھەممەد سۈرىسىدۇر.) قانۇنى ئۇلۇغ بولغان

ئاللاھ بۇ ئاساسنى ئىككى ئايەت بىلەن بايان قىلىدۇ. ئىتائەت ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش بۇ سۈرىدە زىكرى قىلىنىدۇ: « مۆمىنلەر (جىھادنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن) : «نېمىشقا (جىھاد ئەمرى قىلىنغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى؟» دەيدۇ، جىھاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا، دىللىرىدە كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ساڭا ئۆلۈم ئالدىدا(ئۆلۈمدىن قورقۇپ) ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، (ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ ساڭا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى . ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار ئاللاھغا سادىق بولۇشسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى». (مۇھەممەد سۈرىسى 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر)

قانۇن تۈزۈم توغرىسىدىكى ھۆكۈم سەپ سۈرىسىنىڭ شۇ ئايىتى بىلەن بايان قىلىنىدۇ:

« شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ». (سەپ سۈرىسى 4 ـ ئايەت)



8 ـ فەتھ سۈرىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ غازاتلىرىدىن بىرى ھەققىدە بولۇپ يەنى مەشھۇر« بەيئەتى رىزۋان » دەپ ئاتالغان دەرەخنىڭ سايىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇقەددەس بەيئەتنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ بەيئەت خاتىرجەملىك ۋە مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىغا ۋەسىلە بولغان ئىدى:« ئاللاھ مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد! ) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار(ھۇدەيبىيىدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە

ئۇلارنى يېقىن غەلبە(خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ». (فەتھ سۈرىسى 18 ـ 19ـ ئايەتلەر)

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! بۇ نەقىل قىلغان ئايەتلەر جىھاد ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتى توغرىسىدىكى خوشخەۋەرلەر ھەققىدىكى بىر قىسىم ئايەتلەردۇر. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كىتاۋىدا بۇنداق ئايەتلەر بەك كۆپتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتاۋىنى ۋە جىھاد ھەققىدىكى ئايەتلەرنى چوڭقۇر ئويلانسىڭىز بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق غەپلەتتە قالغانلىقىنى، بۇنداق ساۋاپنى قانداق قولدىن بىرىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىسىز ۋە ئەجەپلىنىسىز. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كىلىپ قالغانلىقىنىڭ يېگانە سەۋەبى جىھادنى تەرك قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىز.



## جىھاد ھەققىدىكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىن نەمۇنىلەر

1 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساﻻمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. «نەپسىمنى يەدى قۇدرىتىدە(ئۆز ئىلكىدە) تۇتقان ئاللاھقا قەسەمكى، ئەگەر مەندىن ئايرىلىشنى خالىمىغان ۋە ۋە مېنىڭمۇ ئۇلارنى ئۇستۇمگە ئېلىشقا كۈچۈم يەتمىگەن بەزى كىشىلەر بولمىسا ئىدى، مەن جىھادقا بارغان يالغۇز قوشۇندىن كېيىن قالمايتتىم. نەپسىمنى يەدى قۇدرىتىدە تۇتقان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى خاﻻيمەن. كېيىن تىرىلسەم يەنە ئۆلتۈرۈلسەم، كېيىن تىرىلسەم يەنە ئۆلتۈرۈلسەم، كېيىن تىرىلسەم يەنە ئۆلتۈرۈلسەم ». (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

2 - ئەبۇ ھۇرەيرەدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: ﴿نەپسىمنى يەدى قۇدرىتىدە(ئۆز ئىلكىدە) تۇتقان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ يولىدا يارىدار بولغان بىر كىشى، قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندە قېنىنىڭ رەڭگى قانغا ئوخشىسىمۇ پۇرىقى ئىپار پۇرىقىغا ئوخشايدۇ﴾.

3 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مېنىڭ تاغام ئەنەس ئىبنى نەزەر بەدىر ئۇرۇشىغا كەلمىگەن ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئى رەسۇلۇللا مۇشرىكلەر بىلەن بولغان تۇنجى ئۇرۇشقا كىلىش ماڭا نىسىپ بولمىدى، ئەگەر ئاللاھ ماڭا مۇشرىكلەر بىلەن ئۇرۇشۇشنى نىسىپ قىلسا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرەتتى دېدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى كۈنى بولغاندا مۇسۇلمانلار ئارقىغا چېكىنگەندە تاغام ئەنەس دىدىكى: ئەي ئۇلۇغ



ئىلاھىم دوستلىرىمنىڭ قىلغان ئىشىدىن سەندىن پاناھ تىلەيمەن. بۇلارنى دېگەندىن كېيىن ئۇرۇش مەيدانىغا بۈيۈك بىر غەيرەت بىلەن ئېتىلدى. ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا سەئدى ئىبنى مۇئاز چىقتى. سەئدىگە مۇنداق دېدى: ئەي سەندى، نەزىر قەبىلىسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى. جەننەت ماڭا كۆرۈندى. پۇرىقى ئۇھۇد تېغىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتىدۇ دېدى. سەئدى دەيدوكى ، ئەي ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى، ئۇنىڭ قىلغىنىنى مەن قىلالمىدىم. چۈنكى بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ جىيەنى بولغان ئەنەس دەيدۇكى: ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇبارەك جەسىدىدە 50 دىن ئارتۇق قىلىچ، نەيزە ۋە ئوق ئىزىنى كۆردۇق. شۇنى كۆردۇقكى، ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇشرىكلەر بەدىنىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى تىتىۋاتقان ئىكەن.

ئۇنى سىڭلىسىدىن باشقا ھېچكىم تونۇيالمىدى. (سىڭلىسى ئۇنى بارماقلىرىدىنلا تونۇيالىدى). ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى: بىز تۆۋەندىكى مۇشۇ ئايەتنى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى ھەققىدە نازىل بولغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

« مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە(رەسۇلۇللا بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھ غا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار(پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق ». (ئەھزاب سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

4 ـ سۇراقەنىڭ قىزى ئۇممۇ ھارىسەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: « مەن بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ دېدىمكى: « ئى



ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى شەھىت بولغان ئوغلۇم ھارىسەنىڭ ئەھۋالىدىن ماڭا خەۋەر بەرسىڭىز». (بۇ مۆھتەرەم ئانىنىڭ مۇبارەك ئوغلى بەدىر ئۇرۇشىدىن بۇرۇن نامەلۇم بىر ئوق بىلەن شېھىت بولغان ئىدى) ئەگەر ئوغلۇمنىڭ ئورنى جەننەت بولسا سەۋرى قىلىمەن ۋە ئاللاھ غا شۈكرى قىلىمەن. ئەگەر باشقىچە بولسا، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا يىغلايمەن. رەسۇلۇللا بۇنىڭغا مۇنداق دېدى: « ئەي ئۇممۇ ھارىسە جەننەتتە نۇرغۇن باغچىلار بولۇپ سېنىڭ ئوغلۇڭ پىردەۋسى ئەلا(ئەڭ يۈكسەك جەننەت) غا كىردى ». (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئەي مۇجاھىد قېرىنداشىم! كۆرۈۋاتامسىزكى، جەننەت غەمكىنلەرنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىنى قانداق ئۇنتۇتتۇرىدۇ. قاتتىق بالالارغا قارشى ئۇلارنى قانداق سەۋرچان قىلىدۇ.

5 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: « شۇنى بىلىڭلاركى، جەننەت
قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېگەن.
(بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان)

6 ـ زەيد ئىبنى خالىد ئەلجەھەنى مۇنداق
رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئاللاھ
يولىدا غازات قىلغان بىر غازىغا غازات قوراللىرىنى
تەييارلاپ بەرگەن كىشى غازى بولىدۇ، غازات
قىلغان كىشىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ قويغان كىشىمۇ
غازات قىلغان بولىدۇ» دېدى. (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ
داۋۇت، تىرمىزى)

7 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن
رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ غا ئىمان كەلتۈرۈپ
ۋەئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئاللاھ يولىدا جىھاد
قىلىش ئۈچۈن بىر ئات باققان كىشىنىڭ، قىيامەت
كۈنىدە تارازۇسىغا ئۇ ئاتنىڭ يېگىنى، ئىچكىنى ۋە
تەرى ساۋاپ قاتارىغا كىرىدۇ». (بۇخارى).



ئاللاھ يولىدا قوللۇنۇش ئۈچۈن قىلىنغان
ھەرقانداق ھازىرلىق يۇقىرقىدەك ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.

8 ـ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ،
ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى ئاللاھ يولىدا قىلىنغان
جىھادقا قانداق ئەمەل باراۋەر كېلىدۇ، دېگەن ئىدى.
ئۇنىڭغا كۈچىڭىز يەتمەيدۇ ــ دېدى. ئۇنى ئىككى،
ئۈچ قېتىم سورىغان ئىدى، ئوخشاشلا ئۇنىڭغا
كۈچىڭىز يەتمەيدۇ ــ دېدى.

ئۇنىدىن كېيىن مۇنداق دېدى: ئاللاھ يولىدا جىھاد
قىلغان كىشىنىڭ مىسالى، پۈتۈن كېچىلىرىنى
ئىبادەت، پۈتۈن كۈندۈزلىرىنى روزا بىلەن
ئۆتكۈزگەن، ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىگە ئىشىنىپ
مۇجاھىد جىھادتىن قايتقانغا قەدەر ئۇمۇ روزا ۋە
نامازدىن توختاپ قالمىغان كىشىنىڭ مىسالىغا
ئوخشايدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم، نىسائى، ئىبنى ماجە،
تىرمىزى).

9 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ يامىنىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئېتىنىڭ ئۈستىدە ياكى تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ياكى پىيادە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر جىھاد قىلغان كىشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى بولسا، ئاللاھنىڭ كالامىنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئايىتىدىن ھېچبىر پايدا. نەسىھەت ئالمىغان كىشىدۇر». (نسائى)

10 - ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىككى كۆز بولۇپ ئۇنى دوزاخ ئۇتى كۆيدۈرمەيدۇ. بىرسى ئاللاھ تىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆز، يەنە بىرسى ئاللاھ يولىدا كۆزەتچىلىك قىلغان كۆز». (ترمىزى)

11 - ئەبۇ ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ يولىدا بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشۈم شەھەرلەردە



ۋە سەھرالاردا ياشىغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولىشىدىنمۇ مەن ئۈچۈن ياخشىدۇر». (نسائى)

12 - راشىد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ساھابىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاغا : ئى ئاللاھ نىڭ ھەق پەيغەمبىرى نېمە ئۈچۈن مۆمىنلەر قەبرە پىتنىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ، پەقەت شېھىتلەرلا قۇتۇلىدۇ؟ — دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچلارنىڭ پارقىرىشى پىتنە ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ، — دېدى. (نسائى)

يۇقىرىقى بۇ ھەدىسلەر شەھىدلەرنىڭ دەرىجە ۋە ئىمتىيازلىرىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردۇر. شېھىتنىڭ باشقا يەنە نۇرغۇن ئىمتىيازلىرى باربولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندە زىكىر قىلىمىز.

13 - ئەبۇ ھۇرەيرە دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شېھىت ئۆلتۈرۈلگەن زامان پەقەت بىرىمىز تىرناق ئالغاندا ھېس قىلغان ئاغرىقتەك بىر

ئاغرىق ھېس قىلىدۇ». (تىرمىزى، نىسائى، دارىمى.)

بۇ شېھىتنىڭ يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىكىدۇر.

14 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ يولىدا غازات قىلىۋاتقاندا ھەمراھلىرىنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ ۋە بېشىغا كېلىدىغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قاچماي قېنى ئاققانغا قەدەر ئۇرۇشسا ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە ئى پەرىشتىلەر! بەندەم مەندىن مۇكاپات ئېلىش ۋە ئازابىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېنىنى ئېقىتتى، مەنمۇ سىزلەرنى شاھىد قىلىپ بۇ بەندەمنى مەغپىرەت قىلدىم، دەيدۇ. »

15 ـ ئابدۇلخەير ئىبنى سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس ئاتىسىدىن ئاتىسى بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: « يۈزىنى يۆگىگەن ئۇممۇ خەللاد ئىسىملىك بىر ئايال رەسۇلۇللانىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئاللاھ يولىدا شېھىت قىلىنغان ئوغلىنىڭ



ئەھۋالىدىن سورىغان ئىدى، ساھابىلەردىن بەزىلىرى ئۇ ئايالغا « يۈزۈڭ يۆگەكلىك تۇرۇپ ئوغلۇڭنىڭ ئەھۋالىدىن سورامسەن؟ » دېگەن ئىدى. ئۇ ئايال ئوغلۇمدىن ئايرىلغان بولساممۇ ھايادىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: « سېنىڭ ئوغلۇڭغا ئىككى شېھىتنىڭ ئەجرى باردۇر.» دېدى. ئۇ ئايال نېمە ئۈچۈن دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « چۈنكى، ئۇنى ئەھلى كىتابلار ئۆلتۈردى. » دېدى. » (ئەبۇ داۋۇد)

بۇ ھەدىستىن ئەھلى كىتاب بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى، ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ قاتمۇ ـــ قات ئەجىر بېرىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن جىھادنىڭ پەقەت مۇشرىكلار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ ھەر قانداقى بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى مەلۇم بولىدۇ.

16 ـ سەھلى ئىبنى ھەنىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن: « بىر كىشى چىن قەلبىدىن شېھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلسا، ئۇ كىشى تۆشۈكىدە يېتىپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى شېھىتلارنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ.» (مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، نىسائى، ئىبنى ماجە)

17 ـ خۇرەيم ئىبنى فاتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئاللاھ يولىدا بىر «تەڭگە» نەپەقە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە يەتتە يۈز ھەسسە ساۋاب بېرىدۇ» (تىرمىزى، نىسائى)

18 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى تاتلىق بىر سۇ ئېقىۋاتقان ۋادىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا زەۋقى كېلىپ كاشكى ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ مۇشۇ يەردە قالسام دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:



ئۇنداق قىلماڭ. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان سىلەردىن بىر كىشىنىڭ ئورنى ئۆيىدە 70 يىل ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر. ئۇنداق بولسا ئاللاھ سىزنى مەغپىرەت قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزۈشنى خالامسىز. ئۇنداقتا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭ. كىمكى تۆگىنىڭ ئۈستىدە سوقۇش قىلسا ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ» ( تىرمىزى)

19 ـ مىقداد ئىبنى مەئدى يەكرەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ھەر بىر شېھىتنىڭ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا، ئالتە ئالاھىدىلىكى بار. ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. جەننەتتىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. قەبر ئازابىدىن قۇتقۇزۇلىدۇ. (قىيامەت كۈنىدىكى) چوڭ قورقۇنچىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. بېشىغا بۆيۈك بىر تاج كەيگۈزۈلىدۇ. ئۇ تاجنىڭ بىر ياقۇتى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن قىممەتلىكتۇر.

هۆرىلەردىن 72 سى خوتۇنلۇققا بېرىلىدۇ. تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت ھەققى بېرىلىدۇ» (تىرمىزى، ئىبنى ماجە)

20 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « جىھادتىن بىرەر نىشانىسىز اللەنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن كىشى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئەيىب ـ نۇقسان بىلەن كېلىدۇ» (تىرمىزى، ئىبنى ماجە)

21 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى چىن دىلىدىن شېھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلسا، شېھىت بولالمىسىمۇ اللە تائالا شېھىتلىق دەرىجىسىنى ئاتا قىلىدۇ» (مۇسلىم)

22 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە يولىدا بىر كېچە كۆزەتچىلىك قىلغان بىر كىشىنىڭ ئوكچىسى روزا ۋە ئىبادەت



بىلەن ئۆتكۈزگەن مىڭ كېچىگە باراۋەر كېلىدۇ» (ئىبنى ماجە)

23 ـ ئەبۇ دەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دېڭىزدا قىلىنغان بىر ئۇرۇش، قۇرۇغلۇقتا قىلىنغان ئون ئۇرۇشتىن ئەۋزەلدۇر. دېڭىز ئۈستىدە (كېمەنىڭ چايقىلىشى بىلەن) چايقىلىپ كەتكەن بىر كىشى اللە يولىدا قانغا بويالغان بىر كىشىگە ئوخشايدۇ» (ئىبنى ماجە)

بۇ ھەدىس كەلگۈسىدە دېڭىزلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانى بولىدىغانلىقىغا، كۈچلۈك دېڭىز فلوتى بولغانىنىڭ دۇنياغا ھاكىم بولىدىغانلىقىغا ۋە ھەر مىللەتلەتنىڭ دېڭىز ساھىللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىغا ئىشارەت باردۇر. دېڭىز فلوتىغا ھاۋا كۈچىنىمۇ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ ھالدا ھاۋادا اللە رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جىھاد قىلىپ شېھىت

بولغان كىشى دېڭىزدا شېھىت بولغانلاردىن ئىككى ھەسسە ساۋاب تاپىدۇ ، دېڭىزغا سەپەر قىلىپ ئۇرۇش قىلىشتا بېشى ئايلىنىپ قۇسقان كىشى قۇرۇقلۇقتىكى قېنىدا مىلەنگەن كىشىدەك ساۋاب تاپىدۇ . دېڭىزدا شېھىت بولغانلاردىن تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى ھاۋا قۇۋۋىتى، دېڭىز قۇۋۋىتىدىن مۇھىمدۇر.

24 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ ::«ئۇھۇد كۈنىدە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ھىزام شېھىت قىلىندى. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللا مۇنداق دېدى: «ئى جابىر ئۇلۇغ الله نىڭ داداڭغا دېگىنىنى ساڭا خەۋەر بىرەيمۇ ؟ مەن خوش دېدىم. رەسۇلۇللا : الله تائالا ھەر كىم بىلەن پەردە ئارقىسىدا (كۆرۈنمەي) سۆزلەشتى. پەقەت داداڭ بىلەن ئوچۇق سۆزلەشتى. ۋە مۇنداق دېدى: «ئى بەندەم مەندىن سورا مەن بىرەي» ئابدۇللاھ «ئى الله ھىم مىنى تىرىلدۈرگىن، مەن سىنىڭ يولۇڭدا ئىككىنجى قېتىم ئۆلتۈرۈلەي» الله: «ئى بەندەم مىنىڭ تەقدىرىم شۇكى ئۆلگەن يەنە بىرقېتىم دۇنياغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قانداق تەلىۋىڭ بار ؟» ئابدۇللا : «ئى رەببىم ! ئۇنداق بولسا،



مەندىن كىيىن قالغانلارغا بۇ ئەھۋالنى ۋە ئۇلۇغلۇقنى بىلدۈر.» ئۇندىن كىيىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «الله نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن. بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ.» (ئىبنى ماجە).

25 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ : «الله يولىدا جىھاد قىلغان بىر كىشىگە بىر ئەتىگەن ۋە يا بىر ئاخشام ياردەم قىلىش سەن ئۈچۈن دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ئەۋزەلدۇر.» (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.)

26 ــ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىندۇكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام مۇنداق دېگەن: «غازات قىلغان، ھەج قىلغان ۋە ئۆمرە قىلغان ئۈچ كىشى الله نىڭ كارۋانلىرىدۇر».

بولغانىدى. دۈشمەنگە قارشى چىققان قوشۇنىنىڭ بېشىدا فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد بارىدى. شۇ چاغدا بىر مۇسۇلمان كاپىرلارنىڭ سەپلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. مۇسۇلمان كىشىلەر ۋاقىرىشىپ «سبحان الله» بۇ كىشى ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ھالاك قىلدى دېيىشتى. ئەبۇ ئەييۇبىل ئەنسارى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئى ئەنسارلار، سىز بۇ ھەقتىكى ئايەتنى مۇنداق چۈشۈنەمسىز. بۇ ئايەت بىز ئەنسارلار (پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا قىزغىن قارشى ئالغان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار. ت) ھەققىدە نازىل بولغانىدى. قاچانكى ئىسلام كۈچلەندى، ھەر يەردە ياردەمچىسى كۆپ بولدى. بەزىلەر بەزىلەرگە رەسۇلۇللاھتىن مەخپى تۇتۇپ بايلىقىمىز زايا بولدى. الله تائالا ئىسلامنى ئەزىز قىلدى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى كۆپ بولدى. بىز ئەھۋالىمىزنى تۈزۈشكە يوقالغان ماللىرىمىزنى ئەسلىگە



كەلتۈرۈشكە ئاتلىنايلى دېيىشتى. الله تائالا بىزنىڭ بۇ قارارىمىزنى رەت قىلىش ئۈچۈن «ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» (بەقەرە 195 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئۇنداق بولسا ھالاكەت مال توپلاشقا ۋە ئۇنى كۆپەيتىشكە بېرىلىپ، غازاتنى تەركى قىلىش بولىدۇ. ئەبۇ ئەييۇبىل ئەنسارى بۇ يۈزدىن ئاخىرقى نەپىسىگە قەدەر جىھادنى تەرك قىلماي الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ رۇم شەھىرىگە (ئىستانبۇلغا) دەپنى قىلىندى. (تىرمىزى)

ئى مۇسۇلمانلار، ئويلاپ بېقىڭلاركى، ئەبۇ ئەييۇب بۇ سۆزنى دېگەن ۋاقتىدا ياشىنىپ قالغانىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ قەلبى، روھي، ئىمانى، قەھرىمانلىقى ۋە اللەنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلام ئىززىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈلگىسى ۋە نەمۇنىسى بولغانىدى.

31 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن: «غازات قىلماي، غازات قىلىشنىمۇ ئويلىماي ئۆلگەن ئادەم مۇناپىقلىق ئالامىتى بىلەن ئۆلىدۇ» (مۇسلىم)

دېڭىزدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىشتىن ئەۋزەللىكى ۋە ئەھلى كىتابلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە بۇنداق ھەدىسلەر بەك كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش ئەھكاملىرىنى تولۇق يېزىش ئۈچۈن بۇنداق كىچىك رىسالىگە ئەمەس، جىلد ــ جىلد كىتابلارغىمۇ سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە سىددىق ھەسەن خاننىڭ مەخسۇس ئەسىرى بولغان «العبرة فيما ورد عن الله ورسوله في الغزو، والجهاد، والهجرة» دېگەن كىتابى ۋە «مشارع الأشواق إلى مصارع العشاق ومثير الغرام إلى دار السلام» دېگەن كىتابلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇندىن باشقا بۇ ھەقتە ھەدىس كىتابلىرىنىڭ جىھاد بابلىرىدا نۇرغۇن گۈزەل ھەدىسلەرنى كۆرۈسىز.



## فىقھشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە جىھادنىڭ ھۆكمى

جىھادنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى بىر بۆلۈك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى كۆرۈپ ئۆتتىڭىز. ئەمدى مەزھەپ ئالىملىرى ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ جىھاد ھەققىدىكى پىكىر ــ كۆز قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرىمەن. كېيىنكى ئەسىردىكى ئۆلىمالارنىڭ جىھاد ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىنى ۋە جىھاد قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پەتىۋالىرىنى كۆچۈرۈپ يازىمەن. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد روھىنى قانداق يوقاتقانلىقى ئورتىغا چىقىدۇ. ھەر ئەسىردە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ جىھاد ھەققىدە بىر پىكىردە بولغانلىقىنى كۆرەيلى:

1 ـ «مجمع الأنهر في شرح ملتقى الأبحر» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ھەنەپى مەزھىبىنىڭ

نامىلىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى ھەنەپى مەزھىبىنىڭ جىھاد ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «جىھادنىڭ لۇغەت مەنىسى كۈچىنىڭ يېتىشىچە سۆز بىلەن ۋە ھەرىكەت بىلەن غەيرەت كۆرسىتىش، ئىستىمال مەنىسى بولسا، كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش، ماللىرىنى ئولجا ئېلىش، ئىبادەتخانىلىرىنى يېقىش، بۇتلىرىنى يوق قىلىشتۇر. جىھادنىڭ غايىسى: ئىسلام دىنىنىڭ يېيىلىشى ۋە كۈچلىنىشى ئۈچۈن ۋەدىسىدە تۇرمىغان ۋە ئىسيان قىلغان زىممىلەرگە ۋە مۇرتەد بولغانلارغا (بۇلار دىنىدىن يېنىۋالغانلار بولۇپ، كاپىرلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر) ۋە ئىسلام دۆلىتىگە قارشى چىققانلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشتۇر! كاپىرلار ئۇرۇش ئېلان قىلمىسىمۇ ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرى تەبلىغ قىلىنغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولمىغان تەقدىردە ئۇلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش پەرز كۇپايىدۇر. ئۇنداق بولسا، يىلدا بىر ۋەيا ئىككى



قېتىم دارۇل ھەربكە (كاپىرلار دىيارىغا) ئەسكەر ئەۋەتىش ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشلىقلىرىغا ۋاجىپتۇر. ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشلىقى جىھادقا چاقىرغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ بويسۇنىشى لازىمدۇر. ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن بولسا ئۇ چاغدا بويسۇنۇش نامازغا ئوخشاش پەرز ئەين بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خەتەر بولسىمۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشلىقى جىھادقا ئەمرى قىلسا پەرز بولىدۇ. جىھادنىڭ پەرزلىكى «مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرۈڭ» (تەۋبە 5 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت ۋە «جىھاد قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىدۇ» دېگەن ھەدىس بىلەن سابىتتۇر. ئەگەر پۈتۈن مۇسۇلمانلار جىھادنى تەرك قىلسا گۇناھكار بولىدۇ. مۇئەللىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ئەگەر دىن دۈشمەنلىرى ئىسلام شەھەرلىرىدىن بىرىنى ۋەيا ھەرقانداق بىر پارچىسىنى ئىستېلا قىلىۋالسا ئۇ ۋاقىتتا جىھاد ھەر كىمگە پەرز ئەين بولىدو.

رۇخستىسىز قۇللار بۇ سوقۇشقا قاتنىشىدۇ. باللار ئاتا ــ ئانىسىدىن، قەرزدارلار قەرزى بولغان كىشىدىن رۇخسەت سورىماي جىھاد مەيدانىغا ئاتلىنىدۇ.

«البحر» ناملىق كىتابتا: «دۈشمەن تەرىپىدىن شەرقتە بىر ئايال ئەسىر بولۇپ قالسا، دۈشمەننىڭ قارارگاھىغا ۋە قەلئەلىرىگەە ئېلىپ بېرىلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئايالنى قۇتقۇزۇش غەربتىكى مۇسۇلمانلارغا پەرز بولىدۇ.» دېيىلىدۇ.

2 ـ «بلغة السالك لأقرب المسالك فى مذهب الإمام مالك» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى (مالىكى مەزھىبىنىڭ ئالىملىرىدىن) مۇنداق دەيدۇ: «ھەر يىل اللەنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن الله يولىدا جىھاد قىلىش پەرز كۇپايىدۇر. بىر قىسىم مۇسۇلمانلار جىھاد قىلسا قالغانلار مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلىدۇ. ئەمما ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشلىقلىرى ئېلان قىلىشى بىلەن ۋەياكى دۈشمەننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ



زېمىنلىرىدىن بىر قىسمىنى ئىستېلا قىلغاندا جىھاد نامازۋە روزىغا ئوخشاش پەرز ئەين بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزلىرىگە ھاكىم بولغانلار رازى بولمىسىمۇ ئايال، قۇل ۋە قەرزدار بولغان ھەممە كىشى جىھاد ئەمرىگە ئىشتىراك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاتا ــ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى پەقەت جىھاد پەرز كۇپايە بولغان زامان توسۇپ قالالايدۇ. ئۇرۇشتا كاپىرلارنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادى بولمىسا باشقا مۇسۇلمانلار تەلەپ قىلغان تۆلەمنى بېرىپ، گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادى كەتسىمۇ ئۇنى قۇتقۇزۇش پەرز كۇپايىدۇر».

3 ـ شافىئى مەزھىبىگە مەنسۇپ ئىمام نەۋەۋىنىڭ «مىنھاج» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا جىھاد پەرز كۇپايە ئىدى، بەزى كىشىلەر پەرز ئەين ئىدى دەيدۇ. ئۇنىدىن كېيىنكى زامانلاردا كاپىرلارنىڭ ئىككى خىل

كېيىنكى زامانلاردا كاپىرلارنىڭ ئىككى خىل ئەھۋالى باردۇر.

1 ـ كاپىرلارنىڭ يۇرتلىرىدا بولغاندا پەرز كۇپايە بولۇپ مۇسۇلمانلاردىن بىر بۆلىكى جىھاد قىلسا باشقا مۇسۇلمانلاردىن جىھاد ساقىت بولىدۇ.

2 ـ كاپىرلار ھەددىدىن ئېشىپ بىزنىڭ ھەرقانداق بىر شەھىرىمىزگە كىرسە، ئۇ چاغدا ئۇ شەھەر خەلقى كۈچىنىڭ يېتىشىچە قارشىلىق كۆرستىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇرۇشقا ھازىرلىنىش ئىمكانىيىتى بولسا، پەقىرلەر ئاتا ـ ئانىسى بار ئوغۇللار قەرزدارلار، قۇللار رۇخسەتسىز جىھادقا تەييار بولۇشى ۋە ئىشتىراك قىلىشى لازىم».

4 ـ ھەنبىلى مەزھىبىگە مەنسۇپ ئىبنى قۇددامە «المغنى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «جىھاد پەرز كۇپايىدۇر، بىر گۇرۇپ مۇسۇلمانلار جىھاد قىلسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدو. پەقەت ئۈچ ھالەتتە پەرز ئەين بولىدۇ:



1 ـ ئىككى تەرەپ قارىمۇ ـ قارشى كەلگەندە ھازىر بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىغا چېكىنىشى ھارامدۇر. دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش پەرز ئەيندۇر.

2 ـ كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭگا بېسىپ كەلسە ئۇيەردە بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشى ئۆزىنى ۋە يۇرتىنى قوغداپ قېلىشى پەرز ئەيندۇر.

3 ـ ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ باشلىقى خەلقنى ئۇرۇشقا چاقىرسا خەلقنىڭ بويسۇنۇشى لازىمدۇر».

يىلدا ئەڭ ئاز بىر قېتىم جىھاد قىلىش لازىم.

ئەبۇ ئابدۇللاھ يەنى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ: « پەرزلەردىن كېيىن جىھادتىن ئەۋزەل بىرەر ئەمەلنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن» دېڭىزدا ئۇرۇش قىلىش، قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: « رەسۇلۇللاھ

ئۇنى كۆرگەن ئۇممۇ ھەرەم. رەسۇلۇللاھنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئى ئۇممۇ ھەرەم، بىر دېڭىزنىڭ سىرتىدا پادىشاھقا ئوخشاش تەختىدە ئولتۇرۇپ، اللە يولىدا جىھاد قىلغان ئۈممەتلەرنى اللە ماڭا كۆرسەتتى. ئۇنىڭ خوشاللىقى بىلەن كۈلۈۋاتىمەن دېدى. ئۇممۇ ھەرەم ئى اللەنىڭ رەسۇلى دۇئا قىلسىڭىز اللە مېنىمۇ ئۇلاردىن قىلسا دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىدا قىبرىسنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن بارغان مۇسۇلمان قوشۇنلىرىغا ئىشتىراك قىلدى. شۇ يەردە ۋاپات بولۇپ قىبرىسقا دەپنى قىلىندى. ئۇيەردە ئۇنىڭ نامىغا بىر مەسجىد بىنا قىلىندى. اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ۋە رازى بولغاي»

5 ـ زاھىرى مەزھىبىگە مەنسۇپ ئىبنى ھەزم «المحلى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «جىھاد مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر، ئەگەر دۈشمەننىڭ



مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلىش، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ چېگرالىرىنى قوغداشقا كۈچى يېتىدىغان بىر گۇرۇپ مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ئالسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، پەرز ئەين بولىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان بۇنىڭغا ئىشتىراك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«(ئى مۆمىنلەر جامائەسى) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، اللەنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» (تەۋبە سۈرىسى 41 ـ ئايەت) كىچىك بالىلار ئاتا ـ

ئانسىنىڭ رۇخسىتىسىز جىهادقا قاتنىشالمايدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار ياشىغان يەرلەردىن بىر قىسمىنى دۈشمەنلەر ئىشغال قىلىۋالسا، ئۇ ۋاقىتتا رۇخسەت ئېلىش لازىم ئەمەس، چۈنكى ئۇنداق بولغاندا جىهاد قىلىش پەرز ئەين بولىدۇ. پەقەت بالىلارنىڭ جىهادقا كېتىشى بىلەن ئاتا ــ ئانىسىنىڭ بىرىسى جىهاد قىلىشتىن مەھرۇم قالسا، بالىلارنىڭ جىهاد قىلىشى هالال بولمايدۇ».

6 ـ شەۋكانى «السيل الجرار» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: « جىهاد ھەققىدە ئايەت، ھەدىسلەر شۇ قەدەر كۆپكى ئۇلارنى بۇيەردە زىكىر قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەردىن جىهادنىڭ پەرز كۇپايە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بىر مۇسۇلمان گۇرۇپىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن باشقىلارغا مەسئۇلىيەت يۈكلەنمەيدۇ. بىر گۇرۇپ مۇسۇلمانلار جىهاد باشلىغانغا قەدەر جىهاد پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەين بولىدۇ.



يەنە ھۆكۈمەت (مۇسۇلمان ھۆكۈمىتى) كىمنى جىهادقا چاقىرسا ئۇنىڭغىمۇ جىهاد پەرز بولىدۇ.»

ئەنە كۆرۈۋاتىسىزكى، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ مۇجتەھىدلىرى، مۇقەللىدلىرى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلىرى ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن جىهادنىڭ مۇسۇلمانلارغا پەرز كۇپايە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ. يەنە كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى جىهادنىڭ پەرز ئەين ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مەلۇمكى، بۈگۈن مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ قولىدا خار ۋە ئەسىر ھالىتىدە بولۇپ، زېمىنلىرى ئاياق ــ ئاستى، ئىززەت نومۇسى دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ. ئۆز ئىشلىرىنى كاپىرلار باشقۇرىۋاتىدۇ. ئۆز ۋەتەنلىرىدە ۋەتەنسىز، ئۆز يۇرتلىرىدا دىنىي ئىبادەتلىرىگە يول قويمايدۇ. ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئىشىنى چەكلەيدۇ. بۇنداق بىر ئىشلارنى قىلىش ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئەھۋالىمىز بۇنداق بولسا،

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە قانداق بولىدۇ؟ شۈبھىسىزكى دەرھال ھازىرلىنىپ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەييارلىنىپ، ۋاقتى، سائىتىنى كۈتۈشتىن باشقا چارە يوقتۇر. شۇنى بىلىش لازىمكى، اللەنىڭ ئەزەلى قانۇنى ۋە ھۆكمى قەتئىي ئىجرا قىلىنىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ زۇلمەت ۋە ئىسلامغا ئائىت ھەر شەيئىنى ئۆلتۈرگەن، ياشاۋاتقان ئەسرىمىزدىن باشقا ھېچبىر زاماندا مۇسۇلمان؛ مەيلى ئالىم، مەيلى سوفى، مەيلى ھۈنەرۋەن ــ كاسىپلار جىھاد قىلىشتىن باش تارتىشمىدى. سوفى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك كۆپ ۋاقتىنى جىھاد بىلەن ئۆتكۈزەتتى. سوفى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد مۇشۇنداق ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا سوفىلارنىڭ شەيخى بولغان شەقىق بەلخى ئۆزىنىمۇ، تالىپلىرىنىمۇ جىھادقا ھازىرلاپ تۇراتتى. بۇخارىغا شەرھى يازغان، ھەدىس ۋە فىقھشۇناس بەدرىددىن ئەينى، بىر يىلى جىھاد قىلاتتى، بىر يىلى



ئىلىم ئوقۇتاتتى، يەنە بىر يىلى ھەج قىلاتتى. مالىكى ئالىملىرىدىن قازى ئەسەد ئىبنى فۇرات زامانىدا دېڭىز قوماندانى ئىدى. ئىمام شافىئى ئون دانە ئوق ئاتسا ھەممىنى نىشانغا يەتكۈزەتتى.

ئۆتكەنكىلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئىدى ۋە بۇنداق روھقا ئىگە ئىدى. ئەمما بىزنىڭ ئەھۋالىمىز قانداق؟ بىزلەرنىڭمۇ ئۇلارغا يېتىشىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ بىزدە بۇنداق بىر روھ بارمۇ؟

(ئىسلام ئالىملىرى ھەر دەۋردە جىھاد روھىي بىلەن ياشىغان ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق روھ بىلەن ياشاتقانىدى. مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنگە قارشى كۈچلۈك بولۇشقا، ھازىر بولۇشقا چاقىراتتى.)

## مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ؟

بىر بۆلۈك كىشىلەر بىر زامانلاردا ئىسلامنىڭ جىھاد پىكرىنى ۋە ئىسلامنىڭ ئۇرۇشنى ھالال

قىلغانلىقىنى تەنقىد قىلغاندا اللەنىڭ ھۆكمى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى: «ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان - زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز» (فۇسسىلەت سۈرىسى 52 ـ ئايەت) ئەنە ئىنسانلار بۈگۈن ھازىرلىقىنىڭ خاتىرجەملىك ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، تاجاۋۇزچى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ساقلىنىشقا ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. اللە تائالا جىھادنى دۈشمەنلىك قىلىش ياكى شەخسى مەنپەئەت ئۈچۈن پەرز قىلمىدى. پەقەت ئىسلام دەۋىتىنى ھىمايە قىلىش، ھىدايەت ۋە خاتىرجەملىكنىڭ دۇنيادا ھۆكۈمران ۋە مۇسۇلمانلارغا يۈكلەنگەن ئەڭ ئېغىر يۈك بولغان ئىلاھىي ئەمرىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن پەرز قىلدى. ئىنسانلارغا ھەق ۋە ئادالەتنى دەۋەت قىلىش پرىنسىپىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن



پەرز قىلدى. ئىسلام پۈتۈن بۇ سەۋەبلەر ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلغانغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا سۈلھ ۋە خاتىرجەملىكنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن پەرز قىلدى. اللە مۇنداق دەيدۇ: « ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، اللەغا تەۋەككۈل قىلغىن، اللە (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەنفال سۈرىسى 61 ـ ئايەت)

ھەر بىر مۇسۇلمان پەقەت بىر مەقسەت ئۈچۈنلا ئۇرۇشقا چىقىدۇ. ئۇ مەقسەت بولسا، ئۇلۇغ اللەنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىشتۇر. ئۇنىڭغا باشقا غايە، مەقسەت ئارىلاشماسلىقى لازىم. شۆھرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش ھارامدۇر. باشقىلار كۆرسۇن دەپ جىھاد قىلىش ھارامدۇر. پۇل ـ مال ئۈچۈن جىھاد قىلىش ھارامدۇر. ھەقسىز بىر نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلىش

هارامدۇر. غەنىمەتتىن بىر نەرسە ئوغرىلاش هارامدۇر. ئۇرۇش پەقەت بىر نەرسە ئۈچۈن هالالدۇر. ئۇ بولسىمۇ، قىنىنى، جىنىنى ۋە كۈچىنى ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىسىگە ۋە هىدايىتىگە پىدا قىلىش، هەق ۋە الله يولىدا جىهاد قىلىشتۇر.

هارىس ئىبنى مۇسلىم ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دىدۇ: «رەسۇلۇللاھ مىنى بىر قوشۇن بىلەن ئەۋەتتى. بىز ئۇرۇش قىلماقچى بولغانلارغا يىقىن كەلگەندە ئىپتىمنى تىز هەيدەپ هەمرالىرىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم، ئۇلار يالۋۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۇلارغا: «لاالـه الاالـلـه» دەڭلار ۋە قۇتۇلۇڭلار» دىدىم. ئۇلار شۇنداق دەپ قۇتۇلدى. مەدىنىگە كەلگەندە رەسۇلۇللاھقا قىلغان ئىشىمنى دىدىلەر، رەسۇلۇللاھ مىنى چاقىرىپ قىلغان ئىشىمغا رەهمەت ئىيتىپ مۇنداق دىدى: «ئى هارىس، الله تائالا هەر ئىنسانغا ئوخشاش ساڭا شۇ قەدەر ئەجرى يازدى. مەندىن كىيىن ساڭا ۋەسىيەت يازىمەن دىدى



يازدى. مەندىن كىيىن ساڭا ۋەسىيەت يازىمەن دىدى
ۋە يازدۇرغان قەغەزگە موهۇر بىسىپ ماڭا بەردى» (ئەبۇداۋۇد)

شەدداد ئىبنى هادىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: «بەدەۋىلەردىن بىرىسى كىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئىمان كەلتۈردى. ۋە سىز بىلەن هىجرەت قىلايمۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ ۋە بەزى ساهابىلەر ئۇنىڭغا نەسىهەت قىلدى. بىر ئۇرۇش بولدى كەلگەن غەنىمەتتىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بىر مىقتار بەردى. ئۇ كىشى بۇ نىمە دىدى. رەسۇلۇللاھ سىنىڭ نەسىۋەڭ دىدى. ئۇ كىشى مەن ساڭا بۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەشمىدىم. لىكىن (قولى بىلەن گىلىنى ئىشارەت قىلىپ) بۇيەرگە دۈشمەن ئوقى تىگىپ ئۆلۈپ جەننەتكە كىرەي دەپ ئەگەشتىم دىدى. رەسۇلۇللاھ ئەگەر سەن اللەدىن بۇ ئىشنى چىن دىلىڭدىن ئۈمىد قىلساڭ ساڭا بىرىدۇ دىدى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كىيىن دۈشمەنگە هۇجۇم

قىلدى ۋە ئۇ زاتنىڭ جەسەدى رەسۇلۇللاھقا ئېلىپ كېلىندى. نەخ ئىشارەت قىلغان يېرىگە دۈشمەن ئوقى تەككەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئاشۇ كىشىمۇ؟ دېگەندە ساھابىلەر شۇنداق دېدى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھقا توغرا ۋەدە بەردى. الله مۇ ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىنى بەردى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇببىسى بىلەن كېپەنلەندى ۋە نامىزىنى ئوقۇدى. نامىزىدا: «ئى الله بۇ سېنىڭ بەندەڭدۇر، سېنىڭ يولۇڭدا مۇھاجىر بولۇپ ئۇروش قىلدى. ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىت بولدى، مەنمۇ بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن دۇئانى ئوقۇدى (نەسەئى رىۋايەت قىلغان)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ساھابىلار بىرسى رەسۇلۇللاھدىن «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى، الله يولىدا جىھاد قىلغان ۋە دۇنيادىمۇ بىر نەرسىگە يېتىش مەقسىتى بولغان كىشىگە نېمە بار؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ



سوئالنى ئۈچ قېتىم سورىغانىدى. رەسۇلۇللاھ ھەر قېتىمدا ئوخشاش جاۋاب بەردى» (ئەبۇ داۋۇد)

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى قەھرىمانلىق ئۈچۈن، بىر كىشى غەيرەت ــ شىجائىتىدىن، بىر كىشى رىيا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا قايسى الله يولىدا بولىدۇ؟ دەپ رەسۇلۇللاھتىن سورىغانىدى. رەسۇلۇللاھ: اللەنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىلا الله يولىدىدۇر» دېدى. (بۇ ھەدىسنى بەش ھەدىس كىتابى رىۋايەت قىلغان)

ساھابىلارنىڭ ھاياتىنى ۋە شەھەرلەرنى پەتھى قىلىشتا تۇتقان يولىنى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا شۇنى ھېس قىلىسىزكى، تەمەخورلۇق، ھاۋايى ــ ھەۋەسلەردىن يىراق بولۇش، ئىنسانلارنى ھەققە دەۋەت قىلىش ۋە توغرا يولغا باشلاش، اللەنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش غايىسىدىن چەتنەپ كېتىش ئۇلاردا ئەسلا يوقتۇر. ئۇلار خەلقلارغا زۇلۇم

قىلغان ۋە بايلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان دېگەنلەرنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى ۋە ئىپتىرا قىلغانلىقىنى كۆرۈۋىسىز.

### ئىسلامى جىھادتا رەھمەت

ئىسلامى جىھادنىڭ غايىسى ھەڭ ئۈستۈن غايىدۇر. ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ ئەڭ يۈكسەك مەقسەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا تاجاۋۇزچىلىقنى ھارام قىلدى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى اللە يولىدا تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى اللە ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»

(بەقەرە سۈرىسى 190 ــ ئايەت)

ئەڭ قاتتىق دۈشمەنلەرگىمۇ ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئەمرى قىلدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! اللەنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا



تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اللەدىن قورقۇڭلار، اللە ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»

(مائىدە سۈرىسى 8 ــ ئايەت)

شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى رەھمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكۈزدى.

ئۇلار ئۇرۇش قىلغان ۋاقىتدا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلمايدۇ، يالغان ئېيتمايدۇ، ئۆلۈكلەرگە يامان مۇئامىلە قىلمايدۇ، ئوغرىلىق قىلمايدۇ، بۇلاڭچىلىق قىلمايدۇ، ئىززەت ــ ھۆرمىتىگە دۈشمەنلىك قىلمايدۇ، ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇلار تىنچلىق ۋاقتىدا ئەڭ ياخشى ئىنسانلار بولغاندەك ئۇرۇش ۋاقتىدىمۇ ئەڭ ئەۋزەل ئىنسانلاردۇر.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ بىر قوشۇنغا قوماندان تەيىن قىلغاندا ياردەمچىلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە اللەدىن قورقۇش ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «اللەنىڭ ئىسمى بىلەن الله يولىدا غازات قىلىڭلار، اللەنى ئىنكار قىلغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، غازات قىلىڭلار ۋە ھىيلە ئىشلەتمەڭلار، ئۆلۈكلەرگە يامان مۇئامىلە قىلماڭلار، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» (مۇسلىم)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرسىڭىز ئۇرۇش قىلغاندا يۈزىگە ئۇرۇشتىن ساقلانسۇن» (بۇخارى، مۇسلىم)

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق



دېگەن: «ئىنسانلارنى ئۆلتۈرمەي ئەپۇ قىلغان كىشى ئەڭ ئىمانلىق كىشىدۇر» (ئەبۇ داۋۇد)

ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بۇلاڭچىلىق ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىشتىن توسقانىدى» (بۇخارى)

ئاياللارنى كىچىك بالىلارنى، قېرىلارنى، يارىدارلارنى، دىنىي ئەربابلارنى، ئۇرۇشقا قاتناشماي ئايرىم تۇرغانلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

مەدەنىيەتچىلەرنىڭ ھۇجۇملىرى ۋە قورقۇنچ ھەرىكەتلىرى ئالدىدا رەھمەت نەدە قالدى؟ ئومۇمىي ۋە ئىلاھىي ئادالەت ئالدىدا ئۇلارنىڭ خەلقئارا قانۇنى نەدە؟

ئى الله، مۇسۇلمانلارغا دىنلىرىنى بىلدۈرگىن ۋە دۇنيانى ئىسلام نۇرى بىلەن نۇرلاندۇر ۋە بۇ نۇر بىلەن ئىنسانلارنى قۇتقۇزغىن!

بىلەن ئىنسانلارنى قۇتقۇزغىن!

## جىھادقا نېمە ئىلاۋە قىلىندۇ؟

مۇسۇلمان ئارىسىدا دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىش كىچىك جىھادتۇر. ئۇنىدىن باشقا بۈيۈك جىھاد بولۇپ ئۇ بولىسمۇ، نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشتۇر دېگەن سۆز كەڭرى تارقالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى رىۋايەتنى دەلىل قىلىشىدۇ: «كىچىك جىھادتىن چوڭ جىھادقا قايتتۇق، چوڭ جىھاد قايسى دېيىشسە؟ ئۇ قەلب بىلەن ۋە نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش» دەيدۇ.

بىر گۇرۇپ مۇسۇلمانلار مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ جىھادقا تەييارلىق قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا نىيەت قىلىشنىڭ ۋە بۇ يولدا ھازىر بولۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەي ئىنسانلارنى بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشكە ئۈرۈندۇ.



ئەمەستۇر. ھەدىس ئىلمىدا مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى بولغان ئىبنى ھەجەر«تسديد القوس» دېگەن كىتابىدا، بۇ تىللاردا مەشھۇر سۆز بولۇپ، ئۇ ئىبراھىم ئىبنى ئەبلە دېگەن ئادەمنىڭ سۆزى دەيدۇ. ئىراقى دېگەن كىشى «إحيا» دېگەن كىتابىنىڭ ھەدىسلىرى ھەققىدە بۇ ھەدىسنى بەيھەقى جابىردىن ئاجىز ھەدىس دەپ رىۋايەت قىلغان، خەتىبمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىدا جابىردىن رىۋايەت قىلغان دەيدۇ. ئەگەر بۇ سۆز توغرا ھەدىس بولىدىغان بولسا، ھەقىقىي مەنىسى مۇنداق بولىدۇ. جىھاد قىلىشتىن مەڭگۈ قايتىپ جىھادقا ھازىرلانماسلىق دېگەن بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام شەھەرلىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە تاجاۋۇزچى كاپىرلارغا ھەددىنى بىلدۈرۈش قەتئىي پەرزدۇر. ئەڭ توغرا مەنىسى: كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىش پەرز بولغىنىدەك نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشمۇ ئوخشاش پەرزدۇر. پۈتۈن ئىبادەتلەر ئىخلاس بىلەن خالىس الله ئۈچۈن قىلىنىشى لازىم.

بۇنى بىلىش لازىم. يەنە بۇنىڭدىن باشقا جىھادقا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلار بولۇپ ئۇ بولسىمۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن توسماقتۇر. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەڭ بۈيۈك جىھاد زالىم پادىشانىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى سۆزلەشتۇر» يۇقىرى شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتكەنلەرنىڭ ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن اللە يولىدا ئۆلۈش ياكى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئۇنىڭغا ۋەسىلە بولىدىغان بىر نەرسە يوقتۇر.

## خاتىمە

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئۆلۈم سەنئىتى ھېس قىلغان ۋە قايىسى ئۆلۈمنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋەە شەرەپلىك ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى بىلگەن بىر مىللەتكە



اللەتائالا دۇنيادا ئەزىز ھايات ئاخىرەتتە بولسا مەڭگۈ نېمەت ئاتا قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۆلۈمنى يامان كۆرۈپ دۇنيانى دوست تۇتقانلىقىمىز بىزنى مۇشۇ خارلىق ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى. چوڭ بىر ئىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ھازىرلاڭ، ئۆلۈمگە ھازىر بولۇڭ، ھاياتلىق سىزلەرگە ھەدىيە بولسۇن.

شۇنى بىلىڭلاركى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش يوقتۇر ۋە ئۆلۈم پەقەت بىرلا قېتىم بولىدۇ. ئەگەر اللە يولىدا ئۆلسىڭىز سىزگە دۇنيانىڭ پايدىسى ئاخىرەتنىڭ ساۋابى بولىدۇ. سىلەرگە اللە تائالا تەقدىر قىلمىغاندىن باشقىسى بولمايدۇ. اللەتائالانىڭ بۇ ئايىتىنى ئوبدان ئويلاپ ياخشى چۈشىنىۋېلىڭ: «غەمدىن كېيىن اللە سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۆمىنلەرنى) مۈگدەك باستى، يەنە بىر قىسمىڭلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى (يەنى كۇففارلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ، دەپ جان

قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى)، بۇلار، جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، اللەغا قارىتا ناتوغرا گۇمانلاردا بولدى، ئۇلار: «بىزگە اللە ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەممە ئىش ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئىلكىدە». ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ؛ ئۇلار: «ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (اللەنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ). (اللەنىڭ مۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈندۇر. اللە كۆڭۈللەردىكىنى (ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق



بولسۇن) بىلگۈچىدۇر»» (ئال ئىمران سۈرىسى 154 ـ ئايەت)

شەرەپلىك ئۆلۈم ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ تولۇق بىر سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈڭ، اللەتائالا سىزلەرگە ۋە بىزگە ئۆز يولىدا شېھىت بولۇشنى نەسىپ قىلغاي ئامىن!

**ھەسەنىل بەننا**